# ئۇيغۇرچە خەتمە- قۇرئان دۇئاسى

ياۋرۇپا ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن تارقىتىلدى

## دۇئا ئىبەدەتنىڭ يىلىكىدۇر(ھەدىس شەرىپ)

**ئەي ئاللاھ!**
**سېنى مەدھىيىلەيمىز.**
**سەندىن مەدەت تىلەيمىز.**
**سەندىن ھىدايەت تىلەيمىز.**
**سەندىن گۇناھلىرىمىزنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشىنى ئۆتىنىمىز.**
**بارلىق ياخشى ئىشلارنى سەندىن دەپ بىلىمىز.**
**ساڭا تەشەككۈر ئېيتىمىز.**
**نېئمەتلىرىڭنى ئىنكار قىلمايمىز.**
**ساڭا ئاسىي بولغۇچىلاردىن ئادا-جۇدا بولىمىز.**

**ئەي ئاللاھ!**
**ساڭىلا قۇلچىلىق قىلىمىز.**
**ساڭا باش قويۇپ ناماز ئوقۇيمىز.**
**سەن تەرەپكە ئىنتىلىمىز.**
**ھەممە ئىشتا ساڭا تايىنىمىز.**
**سېنىڭ رەھمىتىڭنى ئۈمىت قىلىمىز.**
**ئازابىڭدىن قورقىمىز.**
**سېنىڭ ئازابىڭ راستىنلا كاپىرلارغا تېگىشلىك.**

**ئەي ئاللاھ!**
**جىمى مەدھۇ - سانا ساڭا مەنسۇپ.**
**بارلىق تەشەككۈر ساڭا مەنسۇپ.**
**بارلىق ئىشلار ئاشكارا بولسۇن، مەخپىي بولسۇن، مەنبەسى سېنىڭ ئىلكىڭدە.**
**ماختىنىشقا سەن ئەڭ ھەقلىق.**
**ئىبادەت قىلىنىشقىمۇ سەن ھەقلىق.**
**سەن ھەممىگە قادىرسەن.**

**ئەي ئاللاھ!**
**سەن بىزدىن رازى بولغانغا قەدەر ۋە سەن رازى بولغاندىن كېيىنمۇ ساڭا مەدھىيە ئوقۇيمىز. بىز ئۆزىمىز بىلگەن ئەڭ ياخشى سۆزلىرىمىز بىلەن، ئۆزىمىز بىلگەن ئەڭ گۈزەل سۈپەتلەر بىلەن، سەن ئۆز كالامىڭدا بايان قىلغان رەۋىشتە مەدھىيە ئېيتىمىز ساڭا.**

ئەي ئاللاھ!
بارلىق ئەھۋالدا ئالقىش ساڭا مەنسۇپ.

ئەي ئاللاھ!
سەن ئاسمان-زېمىننىڭ ۋە ئاسمان-زېمىندىكى بارلىق مەخلۇقاتلارنىڭ نۇرى، سەن ئاسمان-زېمىننى ۋە ئۇنىڭدىكى مەخلۇقاتلارنى ئۆز قۇدرىتىڭ بىلەن تۇتۇپ تۇرغۇچىسەن.
سېنى مەدھىيلەيمىز.
چۈنكى سەن ھەق.
سېنىڭ كالامىڭ ھەق.
سېنىڭ ۋەدەڭ ھەق.
بىزنىڭ سەن بىلەن ئۇچرىشىشىمىزمۇ ھەم ھەق.
سېنىڭ پەرىشتىلىرىڭنىڭ ھەقىقەتەن مەۋجۇت ئىكەنلىكىگە، پەيغەمبەرلىرىڭنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە، شۇنداقلا قىيامەتنىڭ بولۇشىنىڭ شەكسىز ھەق ئىكەنلىكىگە، سېنىڭ قەبرىدىكى جەسەتلەرنى تىرىلدۈرۈپ ھېساب ئالىدىغانلىقىڭغا چىن قەلبىمىزدىن ئىشىنىمىز ئاللاھىم.

ئەي ئاللاھ!
سەن بىزگە بەرگەن ھەربىر نېئمەتكە ئۇ نېئمەت ئۆتمۈشتە بولسۇن، ھازىردا بولسۇن، خاس بولسۇن، ئومۇمىي بولسۇن، ئاشكارا بولسۇن، ياكى مەخپىي بولسۇن ھەممىسى ئۈچۈن ساڭا مەدھىيە ئوبۇيىمىز.

ئەي ئاللاھ!
ئىسلامدىن ئىبارەت نېئمەتكە، ئىمانىمىزغا، قۇرئانىمىزغا، بىزگە بەرگەن بالا-چاقا، مال-ۋارانلارغا نىسبەتەن ساڭا مەدھىيە ئوقۇيمىز.
دىنىمىزنى غالىب قىلدىڭ.
بىزنى ئىتتىپاقلاشتۇردۇڭ.
بىز سورىمىغان نەرسىلەرنىمۇ بىزگە ئاتا قىلدىڭ.
سەن بەرگەن نەرسىلەرگە كۆپ مىننەتدارلىق بىلدۈرىمىز.

ئەي ئاللاھ!
ئىسلامغا مۇيەسسەر قىلغانلىقىڭغا، ھېكمەت ۋە «قۇرئان كەرىم»نى تەلىم بەرگەنلىكىڭگە، «قۇرئان كەرىم»نى تامام قىلىشقا ئىمكانىيەت بەرگەنلىكىڭگە ھەشقاللا ئېيتىمىز.
سەندىن باشقا ھېچقانداق خۇدا يوق.
سەن ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچى مېھرىبان ئىلاھسەن.
ئاسمان-زېمىننىڭ ئىگىسىدۇرسەن.

سەندىن باشقا ھېچقانداق خۇدا يوق.
سەن ئۆزۈڭ خالىغاننى قىلغۇچىسەن.
سېنىڭ ئىرادەڭ ھەمىشە غالىبتۇر.
سەندىن باشقا خۇدا يوق.
سەن ئىشلارنى تەپسىلىي ۋە ئومۇمىي جەھەتتىن ئورونلاشتۇرغۇچىسەن.
ئۆز نېئمىتى ۋە كاتتىلىقى بىلەن ئۆز بەندىسىگە «قۇرئان كەرىم»نى نازىل قىلىپ پۈتكۈل دۇنياغا ئاگاھلاندۇرغۇچى، ئاللاھ تەرىپىگە چاقىرىپ، جەننەت بىلەن بېشارەت بەرگۈچى قىلغان ئاللاھقا مەدھۇ - سانالار بولسۇن! ئۇنىڭ ئەلچىسى ۋە بىزنىڭ يېتەكچىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت سالام بولسۇن!

ئەي ئاللاھ!
سېنىڭ بۈيۈك نېئمەتلىرىڭگە كاتتا ئىلتىپاتلىرىڭغا مىننەتدارلىقبىلدۈرىمىز.
چۈنكى سەن ئەڭ ياخشى كىتابىڭنى بىزگە نازىل قىلدىڭ.
ئەڭ ئۇلۇغ پەيغەمبەرنى بىزگە ئەۋەتتىڭ.
ئەڭ مۇكەممەل شەرىئەتنى بىزگە ئاتا قىلدىڭ.
بىزنى ئىنسانىيەت ئۈچۈن تاللانغان ئەڭ ياخشى ئۈممەت قىلدىڭ.
شەك-شۈبھىسىز دىننى بىزگە بەخش ئەتتىڭ.

ئەي مۇقەددەس رەببىمىز!
ئەي تەۋبىلەرنى قوبۇل قىلغۇچى ساخاۋەتلىك زات!
ئەي بارلىق ھۆكۈمرانلارنىڭ ھۆكۈمرانى!
بارلىق سەۋەبلەرنى ۋۇجۇدقا چىقارغۇچى!
ئىنسانلارنى تۇپراقتىن ئاپىرىدە قىلغان زات!
ئەي شېرىكسىز، بالا-چاقىسىز، ھەممىگە يېتەرلىك پەرۋەردىگار!
ھېچبىر ئىنساننى قالدۇرماستىن ئۆز ئىلتىپاتىڭدىن بەھرىمەن قىلغۇچى ئى رەببىم!
مەن سېنىڭ قۇلۇڭ، سېنىڭ قۇلۇڭ ۋە دېدىكىڭنىڭ پەرزەنتى.
بىزنىڭ كۆڭۈلىمىز سېنىڭ قولۇڭدا.
سېنىڭ ھۆكمىڭ بىزلەردە توسالغۇسىز.
سېنىڭ سۆزلىرىڭ بەرھەق.

ئەي ئاللاھ!
سەن ئۆزۈڭنى ئاتىغان، كىتابىڭدا بايان قىلغان، ياكى بەندەڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تەلىم بەرگەن ياكى ئۆز ئىلمى غەيبىڭدە ئۆزۈڭگىلا مەلۇم بولغان بارلىق ئىسىملىرىڭنى تىلغا ئېلىپ تۇرۇپ سەندىن تىلەيمىز.

ئەي ئاللاھ!

«قۇرئان كەرىم»نى بىزنىڭ دىللىرىمىزنىڭ ھوزۇرى قىلغايسەن.
قەلبىمىزنىڭ نۇرى قىلغىن.
«قۇرئان كەرىم» بىلەن بىزنىڭ غەم ـ ئەندىشىلىرىمىزنى تۈگەتكەيسەن.
بىزنى «قۇرئان كەرىم» بىلەن نازۇ ـ نېئمەتلىك جەننەتكە يېتەكلىگەيسەن.

ئەي ئاللاھ!
قۇرئانى سۈپەتلەر بىلەن بىزلەرنى كىيىندۈرگەيسەن.
«قۇرئان كەرىم» ئارقىلىق جەننەت بوستانلىرىدا سايە بەرگەيسەن.
«قۇرئان كەرىم» بىلەن بىزلەردىن ئۆچمەنلىكنى توسىغايسەن.
ئەي بۈيۈك، شانۇ ـ شەۋكەتلىك ئىلاھىمىز.

ئەي ئاللاھ!
بىزنى قۇرئان مۇخلىسلىرىدىن قىلغىن، چۈنكى ئۇلار سېنىڭ ئەھلىڭ، سېنىڭ خاس كىشىلىرىڭدۇر.

ئەي ئاللاھ!
«قۇرئان كەرىم» ھالال دېگەن نەرسىلەرنى ھالال دەپ بىلىدىغان، ھارام دېگەن نەرسىنى ھارام دەپ ئېتىقاد قىلىدىغان، مۇتەشابىھلىرىغا ئىمان ئېيتىدىغان، مۇھكەملىرىگە ئەمەل قىلىدىغان، ئۇنى ئۈزۈن كېچىلەر، ئەتىگەن ـ ئاخشاملاردا ھۆرمەت بىلەن تىلاۋەت قىلىدىغان كىشىلەردىن قىلغىن.

ئەي ئاللاھ!
بۈيۈك كالامىڭ بولغان «قۇرئان كەرىم»نى قەلبلىرىمىزگە روشەنلىك، كۆزلىرىمىزگە نۇر قىلغايسەن.
گۇناھلىرىمىزنى ئۆچۈرۈپ تاشلىغۇچى، كېسەللىرىمىزگە داۋا، دوزاختىن قۇتقۇزغۇچى قىلغايسەن.

ئەي ئاللاھ!
«قۇرئان كەرىم» بىلەن بىزنى دوزاختىن جەننەتكە، زۇلمەتتىن يورۇقلۇققا، زالالەتتىن ھىدايەتكە، كەمبەغەللىكتىن بايلىققا، بىدئەتتىن سۈننەتكە، بۆلگۈنچىلىك ۋە ئىختىلاپتىن بىرلىك ۋە ئىتتىپاقلىققا چىقارغايسەن.
ئى شانۇ ـ شەۋكەتلىك، ساخاۋەتلىك، مېھرىبان ئىلاھىمىز.

ئەي ئاللاھ!
«قۇرئان كەرىم»دىن بىز ئۇنتۇپ قالغان يەرلىرىنىئۆزۈڭ يادىمىزغا سېلىپ قويغايسەن.
بىز بىلەلمىگەن يەرلىرىنى بىزگە بىلدۈرۈپ قويغايسەن.
«قۇرئان كەرىم»نىڭ يەلەپپۈزىنى جايىدا ئوقۇيدىغانلا ئەمەس ، مۇھىم بولغىنى كۆرسەتمە ـ

تەلىماتلىرىنىمۇ ھاياتىمىزدا ئاڭلىق ئىجرا قىلىدىغان بەندىلەردىن بولۇشقا مۇيەسسەر قىلغايسەن.

ئەي ئاللاھ!
بىز سەندىن جەننەتنى ۋە جەننەتكە يېقىنلاشتۇرىدىغان ئىستىلگە مۇيەسسەر بولۇشىمىزنى تىلەيمىز ۋە دوزاختىن ۋە دوزاخقا ئېلىپ بارىدىغان ئىش ـ ھەرىكەتتىن پاناھ تىلەيمىز.

ئەي ئاللاھ!
سەن يېتەكلىگەن كىشىلەر قاتارىدا بىزلەرنىمۇ يېتەكلىگەيسەن.
سەن بەختلىك قىلغان كىشىلەر قاتارىدا بىزنىمۇ بەختلىك قىلغايسەن.
ئۆزۈڭ ھىمايەڭگە ئالغان كىشىلەر قاتارىدا بىزلەرنىمۇ ھىمايە قىلغايسەن.
بىزگە بەرگەن نەرسىلەرنى بەرىكەتلىك قىلغىن.
يامان قىسمەتلەردىن بىزنى ساقلىغايسەن.
سەن مۇتلەق ھۆكۈمرانسەن.
سېنىڭ ئۈستۈڭدە ھۆكۈمران يوق.
سەن خار قىلغانلارنى ھېچكىم ئەزىز قىلالمايدۇ.
سەن ھەممىدىن بۈيۈك، ھەممىدىن ئۈستۈن پەرۋەردىگارىمىزسەن.
سەن پۈتكەن قىسمەتلەر ئۈچۈن ئالقىشلارغا ھەقلىقسەن.
سېنىڭ ئىلتىپاتلىرىڭغا تەشەككۇر ئېيتىمىز.

ئەي ئاللاھ!
بارلىق گۇناھ، خاتالىقلىرىمىزدىن سېنىڭ ئالدىڭدا كەچۈرۈم سورايمىز.
ساڭا تەۋبە قىلىمىز.
سەندىن باشقا پاناھ،
سەندىن ئۆزگە نىجاتكار يوق.

ئەي ئاللاھ!
بىزنى «قۇرئان كەرىم»دىن مەنپەئەتدار قىلغايسەن.
شانۇ-شەۋكىتىمىزنى ئۈستۈن قىلغىن.
سەن «قۇرئان كەرىم»نى ھۆرمەتلىك قىلدىڭ، دەلىللىرىنى يېمىرىلمەس قىلدىڭ.
ئەي بۈيۈك سۆزلەرنى سۆزلىگۈچى!
سەن ئۆز كالامىڭدا (بىز قۇرئاننى ئوقۇپ بەرگەندە ئەگىشىپ ئوقۇ، ئاندىن ئۇنى يۈرۈتۈپ بېرىش بىزنىڭ ئىشىمىز) دېدىڭ.
«قۇرئان كەرىم» سېنىڭ كىتابلىرىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئاممىباب كىتابتۇر.
سۆزلىرى پاساھەتلىك، ھالال-ھاراملىرى ئېنىق، ھۆججەتلىرى غالىب، ئارتۇق-كەملىكتىن خالى، ئۇنىڭدا جېكلەش ۋە گۈزەل ۋەدىلەر بايان قىلىنغان، ئاگاھلاندۇرۇش، ئازاب

بىشارەتلەر سۆزلەنگەن.
ئۇ ھېچقانداق دوگملىق مەزمۇن بولمىغان، ئەڭ دانىشمەن، ماختاشقا سازاۋەر زاتنىڭ ۋەھيىسىدۇر.

ئەي ئاللاھ!
«قۇرئان كەرىم»نىڭ مۇشۇ تامامى ئارقىلىق بىزلەرنى غەلىبىگە مۇيەسسەر قىلغايسەن.
ئەي ئالەملەرنىڭ رەببى!
ئى مېھرىبان شەپقەتلىك ئاللاھ!
ئەي ھەممىدىن كەرەملىك، ساخاۋەتلىك زات!

ئەي ئاللاھ!
بىزلەرنى مۇشۇ كېچىدە ئۇمۇمىيۈزلۈك مەغپىرەت قىلغايسەن.
بىزنى ئۆزۈڭگە ئىتائەت قىلغان سالىھ بەندىلەرنىڭ قاتارىدا قىلغايسەن.
سائادەتمەنلەردىن قىلغايسەن.
ئىلاھىمىز!
سېنىڭ ۋەھيى قىلغان كىتاپلىرىڭنىڭ تۆگەنچىسىگە ھازىر بولۇپ تۇرۇپتىمىز،
ھەممىمىز سېنىڭ ھوزۇرۇڭدا باش ئەگدۇق،
بىزنى ئىلتىپاتلىرىڭنىڭ دەرۋازىسىدىن قىلغايسەن ،
ئەگەر سەن بىزنى قوغلىۋەتسەڭ بىزگە تايانچى بولىدىغان ھېچبىر مەدەتكارىمىز بولمايدۇ.

ئەي ئاللاھ!
بىزنى مېھىر – شەپقىتىڭدىن مەھرۇم قىلمىغايسەن ،
بۈيۈك رامىزاندا دوزاختىن ئازات بولغۇچىلاردىن ئەيلىگەيسەن.

ئەي ئاللاھ!
بىزنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىمىزنى، قېرىنداشلىرىمىزنى، ئەر-ئاياللىرىمىزنى ۋە بارلىق مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزنى كەچۈرگەيسەن.

ئەي ئاللاھ!
سەن ئەپۇ قىلىشنى ياخشى كۆرىسەن، بىزنى ئەپۇ قىلغايسەن.

ئەي ئاللاھ!
بارلىق ئىشلىرىمىزنىڭ ئاقىۋىتىنى ياخشى قىلغايسەن ،
بىزنى دۇنيا-ئاخىرەتنىڭ خورلۇقىدىن ساقلىغايسەن.
ئەي دائىم شەپقەت قىلىپ تۇرغۇچى،
ھالىمىزنى ساڭا ئېيتىمىز،

بىزلەرگە ئۆزۈڭ ئىگە بولغايسەن،
مىنۇت - سىكونتمۇ ئۆز ھالىمىزغا تاشلاپ قويمىغايسەن،
رەببىمىز!
ئۆزۈڭگە تەۋەككۇل قىلدۇق.
بىزنى زالىملارنىڭ پىتنىسىدىن ساقلىغايسەن.

ئەي ئاللاھ!
سېنىڭ مېھىر- شەپقىتىڭنى، مەغپىرىتىڭنى، ياخشى ئىشلارغا يېتەكلىشىڭنى سورايمىز،
بارلىق ياخشى ئىشلاردىن نىسىۋىدار بولۇشنى،
بارلىق يامانلىقلاردىن ساقلىنىشنى،
جەننەتكە مۇيەسسەر بولۇشنى،
دوزاختىن يىراق بولۇشنى سورايمىز.
ئەي مېھرىبان شەپقەتلىك ئاللاھ!

ئەي ئاللاھ!
بىزنىڭ قەلبىمىزدە گۇناھ-مەئسىيەتتىن توسىدىغان قورقۇنچ تۇيغۇسى ئاتا قىلغايسەن.
سېنىڭ جەننىتىڭگە يەتكۈزىدىغان ئىتائەتمەنلىك،
دۇنيا مۇسىبەتلىرىنى بىزلەرگە ئەرزىمەس قىلىپ كۆرسىتىدىغان ئىمان، ئىشەنچ ئاتا قىلغايسەن.
بىزنىڭ قۇلاقلىرىمىز، كۆزلىرىمىز ۋە بارلىق كۈچ-قۇۋۋىتىمىز بىلەن ئىبادەت قىلىشقا مۇيەسسەر قىلغايسەن.
بىزلەرنىڭ ياخشى ئىز- باسارلىرىمىزنى قالدۇرغايسەن.
دۈشمەنلىرىمىزگە قارشى بىزگە ياردەم بەرگەيسەن.
مۇسىبىتىمىزنى دىنىمىزدا قىلمىغايسەن.
دۇنيا غېمىنى ئەڭ چوڭ غېمىمىز قىلىپ قويمىغايسەن،
دوزاخنى ئاخىرقى ماكانىمىز قىلمىغايسەن.
جەننەتنى ئەبەدىيلىك مەنزىلىمىز ئەيلىگەيسەن.
گۇناھلىرىمىز تۈپەيلى بىزنىڭ ھەق – ھوقۇقىمىزنى دەپسەندە قىلىشتىن قورقمايدىغان،
بىزلەرگە ئىچ ئاغرىتمايدىغان كىشىلەرنى بېشىمىزغا مۇسەللەت قىلمىغايسەن.
ئەي مېھرىبان شەپقەتلىك ئاللاھ!

ئەي ئاللاھ!
سەندىن جەننەتنى ۋە جەننەتكە يېقىنلاشتۇرىدىغان ئىش –ھەركەت ۋە ئىستىلىگە مۇيەسسەر قىلىشىڭنى تىلەيمىز.
دوزاختىن ۋە دوزاخقا ئېلىپ بارىدىغانئىش - ھەركەتلەردىن پاناھ تىلەيمىز.
ھازىرقى ۋە كەلگۈسىدىكى ياخشىلىقلارنىڭ ھەممىسىنى تىلەيمىز.

بىز بىلىدىغان ۋە بىلمەيدىغان يامانلىقلاردىن پاناھ تىلەيمىز.

ئەي ئاللاھ!
ساڭا بويسۇندۇق.
ساڭا ئىشەندۇق.
ساڭا ئىشەنچ باغلاپ يۆلەندۇق قىلدۇق.
بىزنىڭ ئىلگىرى-كېيىن قىلغان، ئاشكارا-مەخپىي قىلغان، سەن بىزدىنمۇ ياخشى بىلىدىغان بىز
بىلمەيدىغان گۇناھلىرىمىزنى كەچۈرگەيسەن.
سەن ھەممىدىن مۇقەددەم، ھەممىدىن كېيىندۇرسەن. سەن يەنە ئەبەد- مۇددەتسەن.
سەندىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوق.
مۇقەددەس رەببىمىز!
بىز ئۆزىمىزگە ئىكزىمىز ئۇۋال قىلدۇق،
شانۇ-شەۋكەتلىك پەرۋەردىگارىمىز،
ساڭا مەدھىيە ئېيتىمىز،
سەن ياراتقان مەخلۇقاتلارنىڭ سانى بىلەن تەڭ كەلگۈدەك،
سەن رازى بولغۇدەك،
سېنىڭ ئەرشىڭگە تەڭ كەلگۈدەك،
سېنىڭ كەلىمىلىرىڭ، كەلىمىلىرىڭ پۈتۈلگەن سىياھلارنىڭ مىقدارىچە ئالقىش ياڭرىتىمىز،
ئاسماننى تۈۋرۈكسىز كۆتۈرگەن پەرۋەردىگارىمىز،
سەن ھەممىدىن بۈيۈكدۇرسەن،
زېمىننى يارىتىپ بىز ئۈچۈن ماكان قىلىپ بەرگەن پەرۋەردىگارىمىز،
سەن مۇقەددەستۇرسەن،
شانۇ-شەۋكەتلىك پەرۋەردىگارىمىز،
ساڭا ئوقۇلىدىغان مەدھىيە-ئالقىشلارنىڭ ھېسابىنى بىز بىلىپ بولالمايمىز،
پەقەت سېنىڭ شانۇ-شەۋكىتىڭگە لايىق بولۇشنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئەي ئاللاھ!
ئىسلامنى، مۇسۇلمانلارنى ئەزىز قىلغايسەن.
تۇزكورلۇق ۋە كۇپۇرنى ھەمدە مۇشرىكلارنى خار قىلغايسەن ،
دىن دۈشمەنلىرىنى ھالاك قىلغايسەن.
يۇرتىمىزنى ۋە بارلىق مۇسۇلمان يۇرتلىرىنى تىنچ-خاتىرجەم قىلغايسەن.

ئەي ئاللاھ!
بىزلەرنى يۇرتلىرىمىزدا ئەمىن قىلغايسەن.
يېتەكچى پېشىۋالىرىمىزنى ۋە ئەمەل - مەنسەپدارلىرىمىزنى ئىسلاھ قىلغايسەن.

ئەي ئاللاھ!
مۇسۇلمانلارنى سەن ئۆزۈڭ رازى بولىدىغان ئىشلارغا مۇۋەپپەق قىلغايسەن.

ئەي ئاللاھ!
مۇسۇلمان ئەرلەرنى، مۇسۇلمان ئاياللارنى، مۇئمىن ئەرلەرنى، مۇئمىن ئاياللارنى مەغپىرەت قىلغايسەن.
ئۇلارنى ئۆزئارا كۆيۈمچان ۋە توغرا يولدا قىلغايسەن ، ئاشكارا-مەخپىي ئىپپەتسىزلىك، بۇزۇقچىلىقلاردىن يىراق قىلغايسەن.

ئەي ئاللاھ!
سېنىڭ شانۇ-شەۋكەتلىك ئىسمى-سۈپەتلىرىڭنى تىلغا ئېلىپ تۇرۇپ سەندىن تىلەيمىز.
دۇنيانىڭ ھەر بىر بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلىغايسەن.
ئەي ئاللاھ! مۇسۇلمان ياشلىرىغا ئىنساب بەرگەيسەن.

ئەي ئاللاھ!
مۇسۇلمان ئاياللارغا دىيانەت، ھىدايەت، گۈزەل ئەخلاق ئاتا قىلغايسەن.
ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلىغايسەن،
ئۇلارنىڭ ئائىلىسىنى بەختلىك قىلغايسەن.

ئەي ئاللاھ!
مۇسۇلمان يېتەكچىلەرگە ئىنساپ بەرگەيسەن،
ئۇلارنى ئازغۇنلۇقتا تاشلاپ قويمىغايسەن،
ئۇلارنىڭ ئېزىشى بىلەن بىزلەرنىڭمۇ ئېزىپ كېتىشىمىزدىن ساقلىغايسەن.
ئۇلارنىڭ ھاياتىنى بىز ئۈچۈن بەرىكەت قىلغايسەن،
ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرگەيسەن.

ئەي ئاللاھ!
مۇسۇلمان ئەۋلادلارنىڭ قەلبىنى ئىسلام نۇرى بىلەن يوروتقايسەن،
ئۇلارنىڭ دىنىنى توغرا چۈشىنىپ، ساپ ئېتىقاد بىلەن ئۆسۈشىنى نېسىپ قىلغايسەن.

ئەي ئاللاھ! مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىنى ياخشى ئەيلىگەيسەن.
تۇرمۇش-مەئىشەتلىرىنى پاراۋان قىلغايسەن.ھالال مېھنەت بىلەن ھايات كەچۈرىدىغان ئاڭلىق ۋە تەقۋادار بەندىلىرىڭ قاتارىغا داخىل ئەتكەيسەن،
قەلبلىرىنى دىن، ھەق ئۈستىگە، سېنىڭ قۇرئانىڭغا ۋە پەيغەمبەرلىرىڭنىڭ باسقان ئىزىغا مۇستەھكەم ئېسىلدىغان قىلغايسەن.

ئەي ئاللاھ!

ئۈلۈپ كەتكەن بارلىق مۇسۇلمانلارنى، ئاتا-بوۋىلىرىمىزنى، سىنىڭ بىرلىكىڭ ۋە پەيغەمبەرلىرىڭنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەن بارلىق ئىمانداشلارنى مەغپىرەت قىلغايسەن.

ئەي ئاللاھ!

ئۇلارنى كەچۈرگەيسەن،

ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتقايسەن،

ئۇلارنىڭ جايىنى ئېسىل،

ئۆزلىرىنى ھۆرمەتكە سازاۋەر قىلغايسەن ،

كۆڭلى - كۆكسىنى كەڭرى قىلغايسەن ،

ئۇلارنى ئاسماندىن چۈشكەن، ئەڭ ساپ، ئەڭ ئېسىل سۇلار بىلەن تازىلغايسەن.

ئۇلارنى خۇددى ئاق كىيىم كىردىن ئاقارغاندەك گۇناھلاردىن پاك ئەيلىگەيسەن.

ئەي ئاللاھ!

ئۇلار ماڭغان يوللاردا ماڭغىنىمىزدا بىزلەرگە ئاسانلىقنى مۇيەسسەر قىلغايسەن.

ئەي ئاللاھ!

ئۆلۈم ۋە ئۇنىڭ سەكراتىدا بىزلەرگە ياردەم قىلغايسەن.

قەبرە ۋە ئۇنىڭ زۇلمەتلىرىدە بىزلەرگە ياردەم بەرىش ئەتكەيسەن.

قىيامەت كۈنى ۋە ئۇنىڭ مۇشەققەتلىرىدە بىزلەرگە ياردەم بەرگەيسەن.

سىرات كۆۋرۈكى ئۈستىدە ۋە جەننەتكە كىرىشتە بىزلەرگە ياردەم بەرگەيسەن.

ئەي ئاللاھ!

قىيامەت كۈنى ئەرسات مەيدانىدا بىزنى ئەمىن قىلغايسەن.

ئەي ئاللاھ!

قىيامەت كۈنى نامە-ئەمال دەپتىرىمىزنى ئوڭ قولىمىزغا بەرگەيسەن.

ئەي ئاللاھ!

بىزلەرنى قىيامەت كۈنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم بىلەن، شەھىدلەر بىلەن، راستچىللار بىلەن، ياخشى ئۆتكەن سالىھ بەندىلەر بىلەن بىر سەپتە تۇرغىلى نېسىپ ئەتكەيسەن.

ئەي ئاللاھ!

بىز دۇنيادىن ئايرىلغاندىن كېيىنكى تۇنجى بېكىتمىز بولغان قەبرىنى بىز ئۈچۈن ياخشى

مەنزىل قىلغايسەن ، ئۈنىڭ ئىچىنى كەڭرى قىلغايسەن.

ئەي ئاللاھ!
سوئال-سوراقتا ئاسانلىق بەرگەيسەن.

ئەي ئاللاھ!
بىزنى ھاياتىمىز بويى پىتنىدىن ساقلىغايسەن.

ئەي ئاللاھ!
ھاياتلىقنىڭ پىتنىسىدىن، ئۆلۈمنىڭ پىتنىسىدىن، قەبرىنىڭ پىتنىسىدىن، دوزاخنىڭ
پىتنىسىدىن ساقلىغايسەن،
ئەي يەككە-يېگانە، قەھرى سەلتەنەتلىك ئاللاھ!

ئەي ئاللاھ!
بىزدىن ئىلگىرى ئۆتكەن مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ۋە بىز ئۈچۈن قەبرىنى جەننەت بوستانلىرىدىن
بىر بوستان قىلغايسەن، دوزاخ ئازگاللىرىدىن بىر ئازگال ئەيلىمىگەيسەن.

ئەي ئاللاھ!
ئۇلارنى قەبرىنىڭ تارلىقىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئەبەدىيلىك جەننەتلەرگە مۇيەسسەر قىلغاايسەن،
ئۇلارنى ياپ-يېشىل جەننەت بوستانلىرىدا، سىدرى دەرىخىنىڭ ئۈزۈلمەس سايىلىرىدا
سايىداتقايسەن،
ئەي ئەپۇچان مېھرىبان ئىلاھىمىز!
**************